# ئىمام قىرائەتتە خاتالاشسا، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامغا تۈزۈتۈش بېرىشى توغرىسىدا

[ الأويغورية ـ ئۇيغۇرچە ـ uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2014 - 1435

IslamHouse.com

# ردَّ المأموم على الإمام إذا أخطأ في الصلاة

« باللغة الأويغورية »

## فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# ئىمام قىرائەتتە خاتالاشسا، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامغا تۈزۈتۈش بېرىشى توغرىسىدا

14278 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئىمام پەرز نامازدا قىرائەتتە ئېزىقىپ كەتسە ياكى ئوقۇۋاتقان سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىرەر ئايەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ خاتاسىنى توغرىلاپ قويىشى دۇرۇسمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بۇ ئىمامغا لوقما سېلىش مەسىلىسى بولۇپ، ئىمامغا لوقما سېلىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

ئىمام بولغۇچى ئايەتنى قەستەن خاتا ئوقۇسا (يەنى ناماز توغرا بولمايدىغان دەرىجىدە خاتا ئوقۇسا)، مانا بۇ ۋاقىتتا ئىمامغا لوقما سېلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. مەسىلەن: پاتىھە سۈرىسىنى ئايەتنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكىدەك دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ ئوقۇسا، بۇ ۋاقىتتا ئىمامغا لوقما سېلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى پاتىھە سۈرىسىنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىش بىلەن ناماز بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، پاتىھە سۈرىسىدىن بىرەر ئايەتنى چالا قويسا، يەنى ئوقۇماي ئۆتۈپ كەتسە ناماز بۇزۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىمامغا لوقما سېلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەمما ناماز بۇزۇلمايدىغان لېكىن كامىل بولىشىغا تەسىر يېتىدىغان ئورۇنلاردا ئىمامغا لوقما سېلىش مۇستەھەپ بولىدۇ. ئەگەر ئىمام پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرە ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، بۇ ۋاقىتتا ئىمامنى ئاگاھلاندۇرۇش سۈننەتتۇر.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسان، سىلەر ئۇنتۇپ قالغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. ئەگەر ئۇنتۇپ قالسام، ئېسىمگە سېلىپ قويۇڭلار.» [بۇخارى رىۋايىتى401].

يۇقىرىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەگەر ئۇنتۇپ قالسا باشقىلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويۇشىنى تەۋسىيە قىلغان. بىر قېتىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نامازدا قىرائەتتە ئېزىقىپ كېتىپدۇ، نامازدىن كېيىن ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «نامازدا ماڭا لوقما سېلىشىڭدىن نېمە چەكلەپ قالدى،» دەيدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىستىنمۇ نامازدا جامائەت ئارىسىدىن بىرىنىڭ ئىمامغا لوقما سېلىشىنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە نامازنىڭ ساغلام ئادا بولىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

[شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ "شەرھ ئەلمۇمتىئ" ناملىق ئەسىرى 3-توم 346-347-بەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.